السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئۇنىڭغا بېرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مەسىلىنى ئەڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغانلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قەرز سۈيلەپ كىلىپ، رەسۇلۇللاھقا قوپاللىق قىلدى، ساھابىلار ئۇنى ئەدەپلەشكە تەمشەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «بولدى قىلىڭلار، ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزلەش ھەققى بار» دېدى. ئاندىن ئۇلارغا: ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا بىر تۆگە بېرىڭلار، دېدى، ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ تۆگىسىدىن چوڭ تۆگىلەرلا بار ئىكەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئۇنى بېرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغىنىڭلار، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە قەرزى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بىر كىچىك تۆگە قەرز ئالغان ئىدى. ئۇ كىشى قەرزنى سۈيلەپ كىلىپ، رەسۇلۇللاھقا تەلىۋىدە قوپاللىق قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھقا قوپال ۋە نالايىق مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەدەپلەشكە ۋە ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: خالىغىنىنى دېگىلى قويۇڭلار، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ھەق ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن قەرزنى سۈيلەش ئەدەپ بىلەن بولىشى كېرەك، تىل-ھاقارەت قىلىش، ئابرۇيىغا تېگىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا بىر تۆگە بېرىشكە بۇيرىدى. ساھابىلار: ئۇنىڭ تۆگىسىدىن چوڭ تۆگىلەرلا بار ئىكەن، دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ تۆگىسىدىن چوڭ تۆگە بولسىمۇ بېرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ كىشىلەر بىلەن ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلار، ساۋابى ئەڭ كۆپلىرىڭلار قەرز ۋە باشقا ھەقلەرنى ياخشى تۆلىگۈچىلىرىڭلار، دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3628

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee